ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا رەڭگى-رويۇڭ سامان بولماس

# يېڭى هايات

Жаңа өмір

1993 ژىل 2-ئوكتەبر شەنبە №38 (3892)

ئەركىن باها

گېزىت 1970 - ژىلى 1- يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ. جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي-سىياسىي «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ ھەپتىلىك قوشۇمچىسى

### قىزغىنلىق بىلەن

بىز «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىسى «يېڭى هايات» گېزىتلىرىنىڭ ئالدىمىزدىكى 1994-ژىلىنىڭ 1-يېرىم ژىلىغا مۇشتىرى بولۇش توغرىلىق ئۇختۇرۇشىنى قىزغىن ئوقۇپ چىقتۇق. يېزىمىزدا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇر جامائەتىنىڭ توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراق ۋە مەسچىتكە ژىغىلىشى ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىككى گېزىتكە بىردەك مۇشتىرى بولۇشى ھەققىدە تەشۋىق، تەرغىبات ئېلىپ باردۇق. بەزى بىر ئۆزىنى ھەم باشقىلارنىمۇ خوشال قىلالمايدىغانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپچىلىك بىزنىڭ ئاۋازىمىزنى قوللىدى. ئۇلار: «ئۆز گېزىتىمىزگە ئۆز ىمىز يېزىلمىساق كىم يېزىلىدۇ. تارىخ ۋە مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى يورۇتۇۋاتقان، مەنىۋىي بايلىقىمىز بولغان بۇ ئىككى گېزىتنى بىز -ۋاقتى-ۋاقتىدا ئوقۇپ تۇرمىساق ئۆزىمىزنى قارغۇدەك ھېس قىلىمىز. ئۆزىنى مەن ئۇيغۇر دېگەن ھەر بىر كىشى سۆيۈملۈك گېزىتلىرىمىزگە يېزىلمايمەن دەپ ئېيتىشى مۇمكىن ئەمەس» دېيىشتى.

ھە، دېگەندە سۆيۈملۈك گېزىتلىرىمىزگە مۇشتىرى بولغان يۇرتىمىزنىڭ ئاتلىق كىشىلىرى ئەخمەت سابىرى، ئوراخۇن دۇگاشېۋ، موللاخۇن توختاخۇنوۋ، مۇتەللىپ مەغرۇپوۋ، ئابلېھىت ماخمۇتوۋ، ئېھسانجان سايىتوۋلار باشقىلارغا ياخشى تەسىر كۆرسەتتى. يېزىمىزدىكى كۆپچىلىك ئۇيغۇرلار ھازىرقى يۈز بېرىۋاتقان ئىختىسادىي قىيىنچىلىققا قارىماي، ئانا تىلىمىزدا چىقىدىغان بۇ ئىككى گېزىتكە قىزغىنلىق بىلەن يېزىلىۋاتىدۇ.

يولداش قادىروۋ.

تالغىر ناھىيەسى، قىزىل غەيرەت يېزىسى.

# ئاڭلىق تۆردە مۇشتىرى بولايلى



چىقىۋېلىشقا ۋىژدان يار بەرمەيدۇ. سەۋەۋى، گېزىت ئايرىم شەخسلەرنىڭ ئەمەس، بەلكى مىللىتىمىزنىڭ مەنىۋىي بايلىقىدۇر. چۈشەنگەن ئادەم ئۈچۈن مەنىۋىي قاششاقلىق، ماددىي قاششاقلىقتىن يۈزلەرچە ھەسسە پاجەلىكتۇر.

مەن ئەينە شۇ نۇقتەئىي نەزەردىن قاراپ، بىر قانچە ژىللاردىن بۇيان ئالمۇتىدىكى مىكروراينلار ئارا ژىگىت بېشىنىڭ ياردەمچىسى سۇپىتىدە تىم بىلەن مۇشتىرى توپلاشقا ئىمكانىيىتىمنىڭ بارىچە ياردەملىشىپ كېلىۋاتىمەن.

مەلۇمكى، مۇشتىرى توپلاش- بۇ بىر-ئىككى ئادەم ئەمەلگە ئاشۇرۇشى مۇمكىن بولمىغان ئىش. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ھەر بىر مىكروراينىدا ئىككىدىن ئادەمنى ئۆزىمىزگە ۋەكىل قىلىپ سايلاپ ئالغانىمىز. جايلاردىكى ئىشلارنى ئەينە شۇلار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرىمىز. ئىلگىرىدىن خالىس خىزمەتكە مەسئۇلىيەت بىلەن يانداشىپ كېلىۋاتقان ۋەكىللىرىمىز بۇ ژىلدىن كېيىنمۇ بىزنى يەرگە قاراتمايدۇ، مۇشتىرى توپلاشنى قىسقا قەرەلدە مۇۋاپپەقىيەتلىك تاماملايدۇ، دەپ ئويلايمىز.

ھەممىگە ئايانكى، جەمىيىتىمىزدە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئىختىسادىي تۇراقسىزلىق گېزىت خادىملىرى بىلەن جايلاردىكى ئاكتىۋىستلارنىڭ زىممىسىغا ژىلىغا ئىككى قېتىم مۇشتىرى توپلاشتەك قىلمىسا بولمايدىغان ئالاھىدە قىيىن ۋەزىپىنى ژۈكلەۋاتىدۇ. قىيىنلىقى-بەزى ئادەملىرىمىزنىڭ (بۇنداق ئادەملەر ھەممە يۇرتتا بار دەپ ئويلايمەن) گېزىتلىرىمىزغا ئاڭلىق رەۋىشتە قىزغىن يېزىلماسلىقىدۇر.

«ئاغرىقنى يوشۇرساڭ، ئۆلۈم ئاشكارە»، ئېھسىنى يوشۇرايلى، گېزىتقا يېزىش ئۈچۈن ئۆيىگە سالام بېرىپ كىرىپ كەلسەك، قاپىقى چۈشۈپ كېتىدىغان، چولىدا تۇرمايدىغان باھانە-سەۋەپ كۆرسىتىپ مۇشتىرىلىقتىن باش تارتىدىغانلارنىمۇ كۆرۈپ كېلىۋاتىمىز. لېكىن، ئۇنداقلارغا ئاچچىق قىلىپ قول سىلكىپ چەتكە

پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، سىز گېزىتخانلارغا ئېيتىدىغان بىرلا ئىلتىماسىم بار؛ كېلىڭ، ھاياتىمىز ئەينىگى، كۈندىلىك تارىخنامىمىز بولمىش گېزىتلىرىمىزغا مەجبۇرى ئەمەس، ئاڭلىق تۆردە مۇشتىرى بولايلى!

ھاجەكپەر رەخمىدىن، ئىشچى.

### كەلگۈسى باكالاۋرلار قازاقچە سۆزلەيدۇ

پايتەختتىكى دەسلەپكى شەخسىي يۇرىدىك كوللېكتىۋىنىڭ يۈز ستۇدېنتى ئوقۇشنى باشلىغىنىغا بىر ھەپتە بولمايلا «پولىگرافىست» مەدەنىيەت ئۆيىدە ئۇلارغا بېغىشلانغان كەچكە قاتناشتى.

تۆرت ژىلدىن كېيىن ئۇلار كەڭ پروفىللىق يۇرىست دىپلومىنى ئالىدۇ. ئېيتماقچى، كەلگۈسى باكالاۋرلار ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئالاھىدە پروگرامما ۋە ئۇسۇل بىلەن ئوقۇشقا كىرىشتى. ئۇلار، دۇنيانىڭ بارلىق موشۇنداق ئوقۇش ئورۇنلىرىدىكىگە ئوخشاش، تىجارەت قائىدىلىرىنى كەڭ مىقياستا ئۆگىنىدۇ.

ھازىرنىڭ ئۆزىدە شۇ نەرسە ئېنىقكى، ھازىرقى 100 ستۇدېنت قولىغا دىپلوم ئالغاندا پەقەت قانۇن-ھوقۇقلىرىنىلا ئەلا دەرىجىدە بىلىپلا قالماي، شۇنداقلا قازاق تىلىنى ئۆزىنىڭ ئانا تىلىدەك ئۆزلەشتۈرۈشى شەرت.

СП-1

Байланыс министрлігі Министерство связи

АБОНЕМЕНТ газетке на газету журналға на журнал 65359

басылым индексі индекс издания

«Йеңи һаят» Комплектілер саны колич. ком.

1994 жылға айлары на 1994 год по месяцам

| 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | | | | | | |

Қайда Куда

(почта индексі - почтовый индекс) (адресі - адрес)

Кімге Кому

(фамилиясы, аты - фамилия, инициалы)

ДОСТАВОЧНАЯ КАРТОЧКА
ТАСЫМАЛДАУ КАРТОЧКАСЫ

ПВ ПВ | орны место | газетке на газету журналға на журнал 65359

«Йеңи һаят»

| Бағасы стоймость | Жазылу подписка адресін өзгерту переадресовка | 1326 сом 00 т. руб к / 1326 сом руб 00 т. к | Комплектілер саны Количество комплектов |
|---|---|---|---|

1994 жылға айлары на 1994 год по месяцам

| 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | | | | | | |

Қайда Куда

(почта индексі - почтовый индекс) (адресі - адрес)

Кімге Кому

(фамилиясы, аты - фамилия, инициалы)

قىسىۋېلىپ، پايدىلىنىڭ!

## ھۆرمەتلىك گېزىتخان!

«ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىسى «يېڭى هايات» گېزىتلىرىغا 1994-ژىلىنىڭ بىرىنچى يېرىمىغا مۇشتىرى بولۇش يادىڭىزدىن چىقمىسۇن. «ئۇيغۇر ئاۋازىنىڭ» ئىندېكسى-65357، يېرىم ژىلغا يېزىلىش باھاسى-3762 سوم، «يېڭى هاياتنىڭ» ئىندېكسى-65359، يېزىلىش باھاسى- 1326. سوم.

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى-روييۇڭ سامان بولماس

# يېڭى ھايات

**Жаңа өмір**

1993
ژىل
16- ئوكتەبر
شەنبە
№40
(3894)
ئەركىن باھا

گېزىت 1970 - ژىلى 1- يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ.
جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي-سىياسىي «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ ھەپتىلىك قوشۇمچىسى

## ن. ئە. نازاربايېۋ خىتايدا ۋە موڭغۇلستاندا بولدۇ

خىتاي خەلىق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى جياڭ زېمىنىنىڭ تەكلىۋى بويىچە پرېزىدېنت نۇرسۇلتان نازاربايېۋ 18- 21- ئوكتەبر كۈنلىرى موشۇ مەملىكەتتە رەسمىي سەپەر بىلەن بولدۇ. ئاندىن كېيىن پرېزىدېنت 21- 22- ئوكتەبر كۈنلىرى موڭغۇلستان پرېزىدېنتى پۇنسالماگىين ئوچىرباتنىڭ تەكلىۋى بويىچە موڭغۇلستاندا رەسمىي سەپەردا بىلەن بولدۇ.

(قازتاگ).

مۇشتىرى توپلاش- 94

## ئۆزىمىز كۆيۈنمىسەك...

مەلۇمكى، دەۋر ئۆزگىرىشى گېزىتلىرىمىزنىڭ خەلقىمىز تەغدىرى، مەنىيىيەتنى ھىمايە قىلىشتا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى بېسىش ئىمكانىيىتىنى ھاسىل قىلغاندا، ئۇلاردا كېيىنكى ژىللاردا گېزىتخانىلار كوڭلىدىن چىققان بىر تۈركۈم ماتېرىياللار بېسىلىپ چىقتى. دېمەك، بۈگۈنكى ھاياتىمىز كورۇنۇشلىرى ۋە كەلگۈسى ئۈمۈت- ئارزۇلىرىمىزنى ئىپادە قىلغۇچى گېزىتلىرىمىز ھەممىمىز ئۈچۈن قىممەتلىك.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا كۆندىلىك تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەممە ساھالىرىغا تۈز تەسىرىنى يەتكۈزۈۋاتقان ئىختىسادى بۇھران تۈپەيلى گېزىتلىرىمىز تەغدىرىنىڭمۇ ئېغىرچىلىقلارغا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىمىز. ئۇلارغا مۇشتىرى بولۇش باھاسىنىڭ خېلىلا دەرىجىدە ئۆسكەنلىكىمۇ شۇ ئىختىسادى قىيىنچىلىقلارغا باغلىق بولۇۋاتقانلىقى ھەممىمىزگە ئايان. ئۆزىنى مىللىتىنىڭ پەرزەندى دەپ سانايدىغان ھەر بىر شەخسى موشۇ ئېغىر پەيتتە گېزىتلىرىمىزنى كوز قارچۇغىمىزدەك ساقلاپ قېلىشقا كويۈنۈشى لازىم. ئۇنىڭ ئۈچۈن دەسلەپتە ئۇلارغا ئۆزلىرى مۇشتىرى بولۇپ، ئەتراپتىكى جامائەتچىلىكنىمۇ بۇ خەيرىلىك ئىشقا دەۋەت قىلىشى ھاجەت. ئەكسىنچە بەزى بۇرادەرلەر گېزىتلىرىمىزنىڭ نامىغا ھەر خىل شىكايەت، غېيۋەتلەرنى قىلىپ ژۇرگەنلىگىنىمۇ ئاڭلاپ قالىمىز. بۇ خىل ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز قامچىلاش بىلەن نېمە نەتىجە قازىنىمىز.

گېزىتلىرىمىز ھازىرقى دەۋر ئىمكانىيىتىدىن پايدىلىنىپ، تارىخىمىز، مەدەنىيىتىمىز، مىللىي مۇدىيامىزغا باغلىق ماقالىلارنى كوپىرەك بېرىپ تۇرسا، يەنىمۇ ژۇقۇرىراق خەلقىمىزنىڭ ئالقىشىغا ئېگە بولار ئېدى. شۇڭلاشقا گېزىتلىرىمىز تەھرىراتلىرى بۇ پىكىرلىرىمىز بىلەن ھېساپلىشا دەپ ئويلايمىز. ئۇنىڭ ئۈچۈن گېزىتلىرىمىز تەغدىرىگە ئالدى بىلەن ئۇمۇمي جامائەتچىلىك بولۇپ كويۈنگەن ھالدا ئۇلارغا تولۇغى بىلەن مۇشتىرى بولۇشىمىز لازىم.

ئىسمايىل تېيىپوۋ.

ئالمۇتا شەھىرى زارەۋوستوكا مەھەللىسى.







تالغىر ناھىيەسى. 24- پارتسيېزد نامىدىكى كولخوزىغا قاراشلىق 5- بولۇمنىڭ دېخانلىرى بىيىل كوكتاتتىن مول ھوسۇل يېتىشتۇردى. بولۇم كوكتاتچىلىرى دولەتكە بىر مىڭ توننىدىن ئوشۇق كوكتات ئوتكەزدى.

سۈرەتلەردە: 1. (سولدىن ئوڭغا) زۋېنو يېتەكچىسى ھ. ئىمىنوۋا بىلەن كوكتات ئوستۇرگۈچى م. توختىباقىيېۋا. 2. بولۇمنىڭ ئىلغار مېخانىزاتورى غ. ئاقمولايېۋ. 3. دېخانلارغا شەھەردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ياردەم قىلماقتا.

ر. يۈسۈپوۋنىڭ سۈرەتلىرى.

## ھورمەتلىك گېزىتخان!

«ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىسى «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىغا 1994- ژىلنىڭ بىرىنچى يېرىمىغا مۇشتىرى بولۇش يادىڭىزدىن چىقمىسۇن. «ئۇيغۇر ئاۋازىنىڭ» ئىندېكسى-65357، يېرىم ژىلغا يېزىلىش باھاسى-3762 سوم، «يېڭى ھاياتنىڭ» ئىندېكسى-65359، يېزىلىش باھاسى- 1326 سوم.

СП-1

Байланыс министрлігі Министерство связи

АБОНЕМЕНТ газетке / на газету — журналға / на журнал | 65359 | Басылым индексі / индекс издания

«Йеңи һаят» | Комплектілер саны / колич. ком.

1994 жылға, айлары на 1994 год по месяцам

| 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | | | | | | |

Қайда / Куда
(почта индексі - почтовый индекс) (адресі - адрес)

Кімге / Кому
(фамилиясы, аты - фамилия, инициалы)

ДОСТАВОЧНАЯ КАРТОЧКА
ТАСЫМАЛДАУ КАРТОЧКАСЫ

пв / пв | орны / место

газетке / на газету — журналға / на журнал | 65359

«Йеңи һаят»

| Бағасы / стоимость | жазылу / подписка; адресін өзгерту / переадресовка | 1325 сом 00 т. / руб — к; 1326 сом 00 т. / руб 00 к. | комплектілер саны / количество комплектов |
|---|---|---|---|

1994 жылға, айлары на 1994 год по месяцам

| 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | | | | | | |

Қайда / Куда
(почта индексі - почтовый индекс) (адресі - адрес)

Кімге / Кому
(фамилиясы, аты - фамилия, инициалы)

قىيىۋېلىپ، پايدىلىنىڭ!

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى-روييۇڭ سامان بولماس

# يېڭى ھايات

*Жаңа өмір*

1993
يىل
23 ـ ئوكتەبر
شەنبە
№41
(3895)
ئەركىن باھا

گېزىت 1970 ـ يىلى 1 ـ يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ.

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي-سىياسىي «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ ھەپتىلىك قوشۇمچىسى

## قازاقستان پرېزىدېنتى نۇرسۇلتان نازاربايېۋنىڭ خىتايغا رەسمىي سەپىرى

بېيجىڭ. (ئىتار ـ تاس-س). 18 ـ ئوكتەبر كۈنى قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پرېزىدېنتى نۇرسۇلتان نازارباييۇ خىتايغا رەسمىي سەپەر بىلەن كەلدى. خىتاي پايتەختىنىڭ مەركىزىي مەيدانى تيەنئەنمېندە ئۇنى قارشى ئېلىش مەراسىمى بولۇپ ئۆتتى. خخج رەئىسى جياڭ زېمىن قازاقستاندىن كەلگەن ئۇقۇرى دەرىجىلىك مېھماننى قىزغىن قارشى ئالدى. خىتاي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى پرېزىدېنت بىلەن ئۇنىڭ رەپىقىسىگە گۈلدەستىلەرنى تەقدىم قىلدى.

ھەربىي ئوركېستر ئىككى مەملىكەتنىڭ دۆلەت گىمنلىرىنى ئورۇنلىدى. زەمبىرەكلەردىن يىگىرمە بىر قېتىم ساليۇت بېرىلدى. نۇرسۇلتان نازارباييۇ جياڭ زېمىننىڭ ھەمرا بولۇشىدا پەخرىي قاراۋۇل سېپىنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى.

قارشى ئېلىش مەراسىمىغا خخج دۆلەت كېڭىشى باشلىقىنىڭ ئورۇنباسارى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى چيەن چىچېن، خەلق ۋەكىللىرى پۈتكۈل خىتاي قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتى رەئىسىنىڭ ئورۇنباسارى چېن مۇخۇئا قاتناشتى.

سەپەردە پرېزىدېنت نازارباييۇقا قازاقستان باش مىنىستىرىنىڭ ئورۇنباسارى، تاشقى ئىقتىسادىي ئالاقىلار مىنىستىرى سىزدىق ئەبىشىۋ، باشقا ھۆكۈمەت ئەربابلىرى ھەمرا بولۇۋاتىدۇ.

## قازاقستان ـ خىتاي ھەمكارلىقىنىڭ مولجاللانغان مىقياسلىرى بەلگۈلەندى

بېيجىڭدا سەپەردە بولۇۋاتقان قازاقستان پرېزىدېنتى نۇرسۇلتان نازارباييۇ ۋە خخج رەئىسى جياڭ زېمىن مۇزاكىرىلىرىنىڭ داۋامىدا قازاقستان ۋە خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي ھەم سودا ـ ئىقتىسادىي ھەمكارلىق مەسىلىلىرى بويىچە چوڭقۇر پىكىر ئېلىشىش بولۇپ ئۆتتى.

تەرەپلەر رەسمىي دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەر ئورنىتىلغاندىن كېيىن، سودا ـ ئىقتىسادىي ساھادا قولغا كەلتۈرۈلگەن ئىجابىي نەتىجىلەرنى تەكىتلىدى. موشۇ مۇناسىۋەت بىلەن سودا ـ ئىقتىسادىي ۋە پەن-تېخنىكا ھەمكارلىقى بويىچە ئارىلاش ئىككى تەرەپلىمە كومىسسىيەنىڭ بىرىنچى مەجلىسىنىڭ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغانلىقى تەكىتلەندى. ھەر ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى قارا ۋە رەڭلىك مېتاللۇرگىيە، يېزا ئىگىلىكى، خىمىيە سانائىتى، ماشىنا ياساش ۋە ترانسپورت ئوخشاش بىرىنچى دەرىجىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ساھالاردا ئۆز ئارا بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىشقا يېڭى تۈرتكە بېرىشنى زورۇر دەپ ھېسابلايدۇ.

قازاقستان ۋە خىتاي رەھبەرلىرى چېگرا مەسىلىلىرى بويىچە مۇزاكىرىلەرنىڭ بېرىشىنى ئىجابىي باھالاپ، كېلەر يىلى تېگىشلىك كېلىشىمنى ئىمزالاش ئۈچۈن ئۇلارنى مۇۋاپىقىيەتلىك ئىلگىرىلىتىش ئىمكانىيىتى توغرىلىق پىكىرلەرنى ئېيتتى.

خەلقئارا پروبلېمىلارنى مۇھاكىمە قىلىش ۋاقتىدا جياڭ زېمىن خىتاينىڭ پرېزىدېنت نازارباييۇنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى سىياسىتىنى چۈشىنىدىغانلىقىنى ۋە ھۆرمەت بىلەن مۇناسىۋەت قىلىدىغىنى بىلدۈردى ۋە ئۇنىڭ ئازىيەدە كوللېكتىۋلىق بىخەتەرلىك ھەم تۇراقلىق سىستېمىسىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش بويىچە تەشەببۇسىنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى موشۇ ساھادا ئۆز ئارا بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىشنىڭ قازاقستان ۋە خخج ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىقنىڭ مۇھىم ساھاسى بولۇپ ھېسابلىنىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

جياڭ زېمىن ئۆز مەملىكىتىنىڭ يادرو بىخەتەرلىكى پروبلېمىسى بويىچە ماۋقەسىنى بايان قىلىپ، «خىتاينىڭ ھېچ قانداق ئەھۋالدا يادروسىز ئەللەرگە ۋە زونىلارغا، شۇنداقلا خوشنا مەملىكەتلەرگە قارشى يادرو قۇراللىنى بىرىنچى بولۇپ قوللانمايدىغانلىقىغا ۋە ھەربىي كۈچ قوللىنىمىز، دەپ پوپۇزا قىلمايدىغانلىقىغا» ئىشەندۈردى. شەمەيدىكى ۋە لوبنۇردىكى يادرو پولىگونلىرىنىڭ پروبلېمىلىرىنى ئۆگىنىش بويىچە ئېكسپېرتلار توپىنى قۇرۇش توغرىلىق پرىنسىپال كېلىشىم قولغا كەلتۈرۈلدى.

مۇزاكىرىلەر تەرەپلەرنىڭ دۇنيادىكى ھازىرقى ۋەزىيەتنى باھالاشتا ماۋقەسىنىڭ ماس كېلىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئۇلار ئاياقلاشقاندىن كېيىن نۇرسۇلتان نازارباييۇ بىلەن جياڭ زېمىن قازاقستان جۇمھۇرىيىتى ۋە خخج ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئاساسلىرى توغرىلىق بىرلەشكەن دېكلاراتسىيەنى ئىمزالىدى، مۇزاكىرىلەرگە قاتناشقۇچىلار ئۇنى ئۇزاق ئىستىقبالغا مولجاللانغان ئىككى تەرەپلىمە ھەمكارلىقنىڭ مىقياسلىرىنى بەلگۈلەيدىغان ئاساسىي سىياسىي ـ ھوقۇقىي ھۆججەت سۈپىتىدە باھالىۋاتىدۇ. شۇنداقلا پۇخرالار ئاۋىئاتسىيەسى، مەدەنىيەت ساھالىرىدىكى ھەمكارلىق توغرىلىق ۋە ئىككى مەملىكەت پۇخرالىرىنىڭ خىزمەت بابىدا ئۆز ئارا كېلىپ-كېتىشى توغرىلىق كېلىشىملەر تۈزۈلدى.

(تاس-س ـ قازتاگ).

---

## ھۆرمەتلىك گېزىتخان!

«ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىسى «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىغا 1994 ـ يىلنىڭ بىرىنچى يېرىمىغا مۇشتىرى بولۇش يادىڭىزدىن چىقمىسۇن. «ئۇيغۇر ئاۋازىنىڭ» ئىندېكسى ـ 65357، يېرىم يىلغا يېزىلىش باھاسى ـ 3762 سوم، «يېڭى ھاياتنىڭ» ئىندېكسى ـ 65359، يېزىلىش باھاسى ـ 1326 سوم.

---

СП-1

Байланыс министрлігі Министерство связи

**АБОНЕМЕНТ** газетке / на газету — журналға / на журнал

65359 — Басылым индексі / индекс издания

«Йеңи һаят» — Комплектілер саны / Колич. ком.

1994 жылға, айлары на 1994 год по месяцам

| 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | | | | | | |

Қайда / Куда

(почта индексі - почтовый индекс) (адресі - адрес)

Кімге / Кому

(фамилиясы, аты - фамилия, инициалы)

ДОСТАВОЧНАЯ КАРТОЧКА
ТАСЫМАЛДАУ КАРТОЧКАСЫ

ПВ / ПВ — орны / место

газетке / на газету — журналға / на журнал — 65359

«Йеңи һаят»

| Бағасы / стоимость | жазылу / подписка | 1326 сом 00 т. / руб — к | комплектілер саны / количество комплектов |
|---|---|---|---|
| | адресін өзгерту / переадресовка | 1326 сом / руб 00 т. / к. | |

1994 жылға, айлары на 1994 год по месяцам

| 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | | | | | | |

Қайда / Куда

(почта индексі - почтовый индекс) (адресі - адрес)

Кімге / Кому

(фамилиясы, аты - фамилия, инициалы)

## قىسقىلىپ، پايدىلىنىڭ!

